# ئاپتونوم رايون چىڭمىڭدا قەھرىمانلار - قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتلىك «گۈل تەقدىم قىلىش مۇزىكىسى»غا ئەگىشىپ، 14 ھۆرمەت قاراۋۇلى گۈل سېۋەتلىرىنى سىلىق كۆتۈرۈپ، ئاستا قەدەملەر بىلەن خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارى ئالدىغا كېلىپ، گۈل سېۋەتلىرىنى خاتىرە مۇنارىنىڭ ئۇل تەكچىسىگە قويدى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ خەيجياڭ قاتارلىقلار ئاستا قەدەم بىلەن پەلەمپەيدىن مېڭىپ، ئۇل تەكچىگە چىقىپ، قەدىمىنى توختىتىپ زەن قويۇپ قارىدى، گۈل سېۋىتىدىكى لېنتىلارنى كۆڭۈل قويۇپ رەتلىدى. ئارقىدىن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كادىرلار، ئامما ۋەكىللىرى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ، چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن ۋۇ ماۋلىن، لىن جىلۇ، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، چياۋ گوجېن قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىنى چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ياد ئەتتى.

گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر قاتارلىقلار ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسىغا كېلىپ، «تىيانشان ئابىدىسى» باش تېمىلىق كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخىي ماتېرىياللار، تەسىرلىك ھېكايىلەر ئىنقىلابىي قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى بايان قىلىپ، قالتىس كۈرەش مۇساپىسىنى خاتىرىلىگەندى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر پات - پات قەدىمىنى توختىتىپ، ئۇزاققىچە زەن قويۇپ قاراپ، چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، قەھرىمانلار - قۇربانلارنى چوڭقۇر ياد ئەتتى. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيەنىڭ 100 يىللىق ئۇلۇغ كۈرەش مۇساپىسىدىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوبۇل قىلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ مەنىۋى قان تومۇرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋۇلنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تارىخ ۋە دەۋر يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى زىممىگە ئېلىپ، قىزىل گېن، ئىنقىلاب مەشئىلىگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار ياراتقان ئىشلارنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

پائالىيەتكە قاتناشقان ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كادىرلار ۋە ئامما مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ساناقسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلار جېنىنى پىدا قىلىپ، ئىسسىق قېنىنى ئاققۇزۇپ، بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى قولغا كەلتۈردى. قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە ئىنقىلابىي روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى چوڭ بەنزىنىڭ ئەزالىرى ھەم ئورگان كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى قاتارلىقلار پائالىيەتكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«قانچىلىغان قەھرىمانلار ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىپ، ئىسسىق قېنىنى ئاققۇزۇپ، ھاياتى ئارقىلىق ‹پىدائىيلار مارشى›نى پۈتتى، ئۇلار ئىسسىق قېنى بىلەن بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى قىپقىزىل بويىدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى تېخىمۇ چاقنىتىمىز.» 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئىنقىلابىي قۇربان ۋېي خۇڭۋېن خاتىرە سارىيىدا، جىمسار ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش شەكلى بىلەن ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى.

جىمسار ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىزىل مەدەنىيەت بازىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن مەكتەپتە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى دولقۇنى قوزغىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ما گۇاڭلۇڭ مۇنداق دېدى: «يېڭى دەۋردىكى ياش - ئۆسمۈر، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ۋاقىتنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلىپ، ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىمىز».

## قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بورتالا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لى جيەنلياڭ دەرس ئارىلىقىدىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى توردا قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، توردا تەزىيە بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا بەختلىك تۇرمۇشنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئېتىقادىنى چىڭىتتى.

«ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىم قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!» 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، غۇلجا ناھىيەلىك نەنتۈڭ تەجرىبە مەكتىپى 7 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ۋۇ سىرۇيى جۇڭخۇا قەھرىمانلار - قۇربانلار تورىغا چىقىپ، قەھرىمانلار - قۇربانلارغا گۈل تەقدىم قىلىپ، كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە توردا قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش - سۈپۈرۈش، ياد ئېتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

«ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن، بىز قەھرىمانلار - قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ پائالىيەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلەش، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەش، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشقا ئىرادە باغلاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك» دېدى مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گۇ رۇيخۇەن.

چىڭمىڭ بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، غۇلجا ناھىيەسى «ساقلاش. 2021 - يىل چىڭمىڭدا قەھرىمانلار - قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش» باش تېمىسىدىكى توردا قەبرە يوقلاش - سۈپۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئائىلىۋى ياد ئېتىش يىغىنى، قەلب سالام خېتى يېزىش، توردا تەزىيە بىلدۈرۈش، كۆچەت تىكىش، كۆكلەم سەيلىسى قاتارلىق يېشىل قەبرە يوقلاش - سۈپۈرۈش شەكلى ئارقىلىق قەھرىمانلار - قۇربانلارنى ياد ئەتتى.

## ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىنى قوبۇل قىلىش

«جۇبەنىنى راسا ياڭرىتىپ، مەدھىيەلەيمىز پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى... پارتىيە بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ناخشىمىزنى ياڭرىتىپ، 100 يىللىق كۈرەشتە شانلىق نەتىجە يارىتىمىز...» 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى(قاراماي يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى) جۇڭشىڭ يولى كوچا باشقارمىسى شىنخې مەھەللىسىدىكى پېنسىيەگە چىققان پارتىيە ئەزاسى گۇ بوشياڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان «پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز» ناملىق كۈيەيىن نومۇرىنى ئورۇنلاپ، پارتىيەنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن بايان قىلدى. ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، بۇ مەھەللىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ۋە ئاھالىلەر كۈيەيىن، نۇتۇق سۆزلەش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەت خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرگەن شانلىق تارىخىنى قايتا ئەسلىدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، لوپ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتىيە ئەزالىرى، خەلق ساقچىلىرى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ بىڭتۈەن 14 - شى 47 - تۈەندىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خوتەنگە يۈرۈش قىلىش خاتىرە سارىيىغا بېرىپ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى. خەلق ساقچىلىرى پېشقەدەم بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەرنىڭ چېگرا رايوننى قوغداش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشتىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، تارىخىي ئىزلار نامايان قىلىنغان كونا سۈرەت، كونا بۇيۇملارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى كوللېكتىپ تەكرارلىدى. خەلق ساقچىسى شىرئەلى دولقۇن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن پېشقەدەم ئەسكەرلەر روھى، توغراق روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋر چېگرا مۇھاپىزەتچىسى بولىمەن».

چىڭمىڭ بايرىمىدىن بۇرۇن، ئالتاي شەھىرى چاشيۇ يولى كوچا باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى توردا قەھرىمانلار - قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش، كىتاب ئوقۇشتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، قىزىل تەربىيە بازىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىلىرىنى بىرلىكتە ئېيتىش، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە تارىخىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق «پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش قەھرىمانلار - قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش» باش تېمىسىدىكى پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

**(مۇخبىرىمىز شيا چىڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يوۋجۈن، جاڭ يەنفاڭ، ئالتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن خۇ جۈنشيۇ، ئىلى مۇخبىرلار پونكىتىدىن شى شۆخۇڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار لى رۇڭ، رېن دۇڭشېڭ، جاۋ لى، جاڭ خۇڭلىڭ، تاڭ جۈن، ماھىرە تۇرسۇن)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ يۇرتىدا، قەشقەر ۋىلايىتى لاچىن بايەكەنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى جانلىق دەرسلىك قىلىپ، مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىش، مەركەزلىك مۇھاكىمە قىلىش، سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئۇنىڭ پارتىيەگە سادىق بولۇشتەك سىياسىي پەزىلىتى، ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىشتەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش، چېگرانى قوغداشتەك ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگەندى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى گاۋ يى مۇنداق بىلدۈردى: لاچىن بايەكەنىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكىتى ۋە ئىلغار ئىش ئىزلىرى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى جانلىق شەرھلەپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ سادىقلىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك سەممىي ھېسسىياتىنى تولۇق نامايان قىلدى، ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى قوللاشتەك دەۋر خىسلىتىنى روشەن نامايان قىلدى.

كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوغۇساق بازىرى تۆۋەنكى ئوغۇساق كەنتىدە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى، كەنت كادىرلىرى ۋە قىسمەن كەنت ئاھالىلىرى توردا قەھرىمانلار - قۇربانلارغا «بۇلۇت گۈل تەقدىم قىلىپ»، قەھرىمانلار - قۇربانلارنى ئەسلەيدىغانلىقىنى، ياد ئېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى دۇڭ يەنتاۋ مۇنداق دېدى: «لاچىن بايەكەنىڭ ئىش ئىزلىرى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، مەن ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ قەتئىي تۈرتكە بولغۇچىسى بولىمەن».

ھايات - ماماتلىق سىناق ئالدىدا، لاچىن بايەكە ھاياتلىق ئۈمىدىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ، ئۆلۈم خەۋپىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، ھاياتى ئارقىلىق قەھرىمانلىق قەسىدىسىنى پۈتتى. مارالبېشى ناھىيەلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىن چىققاندا، مارالبېشى ناھىيەلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزىنىڭ خىزمەتچىسى زۇلپىيە تۇرسۇن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەن لاچىن بايەكەدىن ئۆگىنىپ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسىنى قەلبىمنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورنىغا قويۇپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش قابىلىيىتىمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن».

ئىنقىلابىي قۇربان لاچىن بايەكە قەبرىستانلىقىدا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سەپداشلىرى ۋە تىزناپ يېزىسىدىكى چارۋىچىلار بەس - بەستە گۈل تەقدىم قىلىپ، قەھرىمانلار - قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش، قەبرە يوقلاش - سۈپۈرۈش، گۈل تەقدىم قىلىش، پارتىيەگە كىرىش، ئىتتىپاققا كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاش، قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، مەركەزلىك قەبرە يوقلاش - سۈپۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇنى چىڭمىڭ مەزگىلىدىكى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى.

«چېگرا قوغدىغۇچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز قەھرىماننىڭ روھىغا پامىر ئېگىزلىكىدە مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىمىز، ۋەتەننىڭ ھەربىر سۈك زېمىنىنى ياخشى قوغدايمىز، ۋەتەننىڭ ھەربىر سۈك تاغ - دەرياسىنى ياخشى قوغدايمىز» دېدى چېگرا قوغداش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 20 يىل بولغان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ دەفتەر يېزىسى راسكام كەنتىدىكى چېگرا قوغدىغۇچى چىلاق مەمەترېھىم قەتئىيلىك بىلەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش شانلىق مۇساپىسىنىڭ مۇھىم ماددىي گۇۋاھچىسى.» ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى مۇزېيى ۋە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋاڭ جىنۋېن مۇنداق دېدى: ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۈرلۈك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردىكى مۇھىم، زور تارىخىي ۋەقەلەر ياكى قەھرىمانلار - قۇربانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، مۇھىم خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە، تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ياكى تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە يېقىنقى، ھازىرقى زاماندىكى مۇھىم تارىخىي يادىكارلىق، ماددىي بۇيۇم، ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرى مول بولۇپ، يۆتكەشكە بولمايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۇرۇش يادىكارلىقلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، قەبرىستانلىق، خاتىرە مۇنارى، قەدىمىي ئۆي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يۆتكىگىلى بولىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ھۆججەت، قول يازما، كىتاب، خاتىرە ئىزنىكى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار. 28 ئورۇندىكى يۆتكەشكە بولمايدىغان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئەسلىي ئورنى قاتارلىق مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدىن ئالتىسى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدىن 16سى بار؛ 83 پارچە/يۈرۈش يۆتكىگىلى بولىدىغان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، 17 پارچە/ يۈرۈش مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 1 - دەرىجىلىك قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بار، بۇ، لىن جىلۇنىڭ دادىسىغا يازغان سالام خېتى، ھەجۋىي رەسىم ياغاچ ئويما تاللانما ئەسەرلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تارىخىي قىممىتى ۋە تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى. تۇنجى تۈركۈمدىكى ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىزىملىكىنى باھالاشقا قاتناشقان مۇتەخەسسىس، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى جىن خې مۇنداق تونۇشتۇردى: مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قاراماي 1 - نومۇرلۇق نېفىت قۇدۇقىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ يېڭى جۇڭگودىكى تۇنجى چوڭ نېفىتلىك قاراماي نېفىتلىكىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، دۆلىتىمىز نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم، زور بۇرۇلۇشقا گۇۋاھ بولدى.

## قوغداشنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش

ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 392 - نومۇرلۇق قورۇدىكى 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى 89 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىككى قەۋەتلىك سېرىق رەڭلىك كىچىك بىنا بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي، ئەسلىي ئورۇننىڭ يېنىغا يېڭىدىن سېلىنغان خاتىرە سارايى پات ئارىدا ئېچىلىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇزېيى(شەھەرلىك ئىنقىلاب تارىخى خاتىرە ئورنى باشقۇرۇش مەركىزى) پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇزېيى باشلىقى تۇرسۇن قىزىربېك مۇنداق تونۇشتۇردى: يېڭى خاتىرە سارايىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 7881 كۋادرات مېتىر بولۇپ، كۆرگەزمە قىلىش، قوغداش، تەتقىق قىلىش بىر گەۋدە قىلىنغان، نۆۋەتتە قۇرۇلۇش تاماملاندى، مۇزېينى بۇ يىل 5 - ئايدا ئېچىۋېتىش مۆلچەرلەندى.

ئېلان قىلىنغان تۇنجى تۈركۈمدىكى ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىزىملىكىدىكى يۆتكەشكە بولمايدىغان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۆڭۈل قويۇپ قوغداش، رېمونت قىلىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ جەمئىي 30دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىمارىتىنى رېمونت قىلىپ قوغدىدى. بۇ قېتىم تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇن ئىنقىلابىي ئەسلىي ئورۇنلار رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ.

«بۈلتۈر، بىز كۆپ قېتىم ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسىنى قىسمەن ھالدا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتتۇق، قوشۇمچە ئاكوستىك فوتو ئېلېكتىر قاتارلىق زامانىۋى پەن - تېخنىكا كۆرگەزمىسى تېخنىكا ۋاسىتىسى ئارقىلىق، فانتازىيەلىك تەسۋىر ھاسىل قىلىش، كۆپ ۋاستىلىك تاراتقۇ تېلېۋىزىيە ئېكرانى، كىنو - تېلېۋىزىيە تېمى، كۆرۈنۈش تەقلىد قىلىش، يېرىم مەنزىرە رەسىمى قاتارلىق كۆرگەزمە شەكىللىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئېكسكۇرسىيەچىلەرنى نەق مەيداندا تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈردۇق» دېدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ جۈن.

ئاراتۈرۈكتىكى 40 كۈن قوغداش جېڭى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا 32 ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ جەستى دەپنە قىلىنغان. قەبرە تېشى رايونىنىڭ ھەيۋەتلىك تۈسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، يەرلىك ھۆكۈمەت ھەر يىلى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرە تېشىدىكى يېرىقلارنى رېمونت قىلدى.

«قەبرە تېشىنى قەرەللىك رېمونت قىلغاندىن باشقا، بىز ئالتە قەدەمدە بىر تۈپ دەرەخ بولۇش زىچلىقى بويىچە تولۇقلاپ كۆچەت تىكىپ، قەبرىستانلىقنىڭ سىرتقى مۇھىتىنى ئۆزگەرتتۇق. 2019 - يىلى، قەبرىستانلىقتا يېڭىدىن ئاراتۈرۈكتىكى 40 كۈن قوغداش جېڭى ھەمتۈرتكە كۆرگەزمە زالى قۇرۇلۇپ، قوغداش جېڭىگە مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار توپلىنىپ، كۆرگەزمە زالىنىڭ مەزمۇنى يەنىمۇ بېيىتىلدى» دېدى بۇ قەبرىستانلىقنىڭ مەسئۇلى ۋۇ شىن.

## ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى جانلاندۇرۇش

چىڭمىڭلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى غەربىي يولنىلىش ئارمىيەسى باش تارماق ئەترىتىنىڭ ئەسلىي ئورنى كۆرگەزمە زالى تۈركۈملىگەن ئېكسكۇرسىيەچىلەرنى كۈتۈۋالدى، نۇرغۇن كىشى ئاپتوماتىك چۈشەندۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ، «بىرگە بىر» چۈشەندۈرۈش مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلدى.

«بۇ يىل 1 - ئايدا، سارىيىمىزغا ئۇچراشماسلىق شەكلىدىكى چۈشەندۈرۈش سىستېمىسى كىرگۈزۈلدى، ئېكسكۇرسىيەچىلەر ۋېيشىن سكانېرلاش نومۇرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئۈسكۈنىسىنى ئىجارە ئالسا بولىدۇ. چۈشەندۈرگۈچ خۇددى كونۇپكىلىق يان تېلېفونغا ئوخشاش بولۇپ، كۆرگەزمە زالىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى ئاۋازلىق يېتەكلەش كودىنى كىرگۈزسىلا، چۈشەندۈرۈش ئاۋاز چاستوتىسىنى قوبۇل قىلىپ ئاڭلىغىلى بولىدۇ.» چۈشەندۈرگۈچى لۈ جېن مۇنداق دېدى: خاتىرە سارىيىغا يېڭىدىن ئاپتوماتىك ئاۋازلىق يېتەكلەش سىستېمىسى ۋە VR تەقلىدىي ئۇچقۇ ئۈسكۈنىسى كۆپەيتىلىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان مۇلازىمەت مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئېكسكۇرسىيەچىلەر بىلەن ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئارىلىقى يېقىنلاشتۇرۇلدى.

بارغانسېرى كۆپەيگەن كۆرۈنمە نامايان قىلىش، ھەمتۈرتكىلىك تارقىتىش، چۆكۈش شەكلىدىكى ھېس قىلدۇرغان مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت كىشىلەرگە ھارارەتكە تولغان ئىنقىلابىي تارىخنى ھېس قىلدۇردى.

2020 - يىلى ئىنقىلابىي قۇربان ماۋ زېمىن ئىشخانىسى ۋە ياتىقىنىڭ ئەسلىي ئورنى ئۆزگەرتىلىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، كۆرگەزمە مەزمۇنى تېخىمۇ تەپسىلىي ۋە ئېنىق قىلىپ بېيىتىلدى. «بىز چۈشەندۈرۈش ئاپپاراتى، تەكشى تاختىلىق تېلېۋىزور ۋە ئېلېكترونلۇق گۈل تەقدىم قىلىش ئېكرانى قاتارلىق كۆپ ۋاستىلىك ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدۇق، يەنە شاڭخەي ئۈن - سىن ماتېرىياللىرى سارىيىدىن بىر بۆلەك قىممەتلىك سىن لېنتىسىنى كىرگۈزۈپ، ئايلانما قويۇش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئېكسكۇرسىيەچىگە ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ روھىنى ھېس قىلدۇردۇق.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇزېيى كەسپىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ساۋ فېيمىڭ مۇنداق دېدى: ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى «جانلاندۇرۇپ»، قىزىل ھېكايىنى ياخشى سۆزلەپ، قىزىل مەدەنىيەتنى تېخىمۇ ياخشى تارقىتىش ئۈچۈندۇر.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى «100 يىللىق شانلىق نەتىجە، قىزىل ساياھەت» پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش قىزىل ساياھەت يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنى باشلىدى ھەم 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئەسلىي ئورنى، ئىنقىلابىي قۇربان ماۋ زېمىن ئىشخانىسى ۋە ياتىقىنىڭ ئەسلىي ئورنى قاتارلىق قىزىل بايلىقلارغا تايىنىپ، قىزىل ساياھەت ئېپسىل لىنىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

«ھەرقايسى لىنىيەلەرنى ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت قىلىدىغان شەھەر ئاھالىلىرى تىيانشان رايونىدىكى قىزىل ساياھەت كلاسسىك مەنزىرە رايونلىرىنىڭ نادىر لىنىيە قوللانمىسى، قىزىل ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى خاتىرە ئاتكرىتكىسىغا ئېرىشەلەيدۇ.» ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى يۈ جياڭلىڭ مۇنداق دېدى: ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھىم رولىنى تولۇق، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ قوزغىتىمىز.